# مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھايات شەجەرىسى

## (دەسلەپكى ئىزدىنىش)

ئۆمەر ئوسمان شىپاھى

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز زامانىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىستېداتى بىلەن ئالەمگە تونۇلغان ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ يېگانە پېشۋاسى، فىلولوگىيە پەنلىرىمىزنىڭ ئاتىسى.

ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق نادىر ئەسىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە شەرق مەدەنىيىتى سەھىپىلىرىنىڭ گۆلتاجىسى، يېقىلماس پىرامىداسى ۋە ئۆچمەس ئابىدىسىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر ۋە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەھمۇد قەشقەرىنى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مىللىي ئىپتىخارى ھېسابلايدۇ.

بىز مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن ئىنتايىن كېچىكىپ، يەنى سەل كەم 1000 يىلدىن كېيىن تونۇشقان بولساقمۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيانقى يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە خېلى كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بىر قانچە قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئاز بولمىغان تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلدى ۋە كۆپلىگەن كىتابلار نەشر قىلىندى. بۇ قېتىم «مەھمۇد قەشقەرى تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ قەشقەردە ئېچىلىشى ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك ئىشلىرىمىزنىڭ داۋامى ۋە يەنە بىر قېتىملىق نامايەندىسى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ مىللەت تەركىبى، ئاتا ـ بوۋىلىرى، يۇرتى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى، ھاياتىي پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ھېچقانداق يىپ ئۇچى كۆرسەتمىگەن. شۇڭغا كۆرە بىزمۇ ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەملىكى ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئالىمنىڭ «شەجەرىسى» توغرىسىدا «دىۋان» دىكى بېشارەتلەردىن سىرت، بىرەر يېڭى ماتېرىيال ئۇچۇرىنى ئۇچرىتىشقا قويالمىدۇق. چەت ئەللەردىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى.

مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان ئىكەن، ھايات «شەجەرىسى»بار بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە! ئۇنداقتا بۇ «شەجەرە» نەدە؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، مەرھۇم شائىر ئابدۇراخمان ئاۋائىي 1983 ـ يىلى بىر قەسىدىسىدە يازغاندەك:

«ئويدە چولپان»، «خان بېغى» ھەم ئۈستىدە موللام تېغى،
سەن ياشاپ ئۆتكەن بۇ يەردە، سۆيگەن نىگارىڭ بىزدىدۇر.

قەدىردانىم، مېھرىبانىم ئالىم ئەزىزان قەشقەرى،
«ئۇجمىلىك» ھەم مېۋە زارلىق «مەسچىت» مۇنارىڭ بىزدىدۇر.

ئۆچمىدى نامىڭ تۇرۇپتۇ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە،
نەۋرىلەر، تۇغقان ـ قېرىنداش، پۇشتىگارىڭ بىزدىدۇر.

دېمەك، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھايات شەجەرىسى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئائىت يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلاردا؛ ئۇ ياشىغان خاسىيەتلىك دىيار ــ ئەزىزانە قەشقەردە، ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئانا يۇرتى ئوپال ئازىقتا، موللام بېغى كەنتىدە، ھەر قايسىمىزنىڭ يېنىدىلا!

ھاياتلىق رىشتىسى ئەجداد ـ ئەۋلاد تىنىقلىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى زەنجىرسىمان ئېقىندۇر. مەھمۇد قەشقەرى شەجەرىسىنىڭ مىڭ يىلدىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا يورۇتۇپ بېرىلمەي «ئاق رايون» پېتى تۇرۇۋېرىشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ بىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيىمىزنىڭ دەرىجىسى ۋە سۈرئىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «شەجەرىسى» ئىنتايىن چوڭ ۋە ئىنتايىن نازۇك تېما. بۇ، قىياس ۋە تەپەككۇر بىلەن

www.uyghurkitap.com



بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىغان تەتقىقات ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىك ماتېرىيال، قايىل قىلارلىق تارىخىي ئاساس بولۇشى كېرەك.

## مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى

ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان بىلگە كۆل قىدىرخان دەۋرىدىن باشلاپ، چىڭگىزخان ئىستېلاسىغا قەدەر 399 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسى مەملىكىتىمىز ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. غەربىي يۇرتنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى، مەدەنىيەتتە يۈكسىلىشى، بىر قانچە تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلىشىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

«توققۇز ئوغۇز» خەلقىنىڭ جەڭگىۋار ئالدىنقى قىسمى بولغان ياغمىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى بولسا ئۆزلىرىنى ياغمىلارنىڭ ئادىتى بويىچە «قاراخان»، «بۇغراخان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتاشتى. ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى 1282 ـ يىلى يازغان «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» سىدە ئۇلارنى «ئافراسىياپ نەسلىدىن» دېسە، مىرزا ھەيدەر كوراگانىمۇ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە «ئافراسىياپنىڭ سۇلتانزادىلىرىدىن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان كىچىك ياشلىق ھاياتىدا پادىشاھ بولۇپ، تامام كاشغەر ۋىلايىتىنى ئىسلامغا كىرگۈزدى. كاشغەر ۋە ماۋەرائۇننەھىرنىڭ پادىشاھلىرى بۇلارنىڭ نەسلىدىن ئىدى» دەپ قەيت قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۆز «دىۋانى»دا: «خان ـ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى بولۇپ، ئافراسىياپ ئوغۇللىرى خان دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان («دىۋان» فاكسىمىل III جىلد 625 ـ بەت).

ئۇ يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۆۋەندىكىلەرنىمۇ قەيت قىلغان: «بارسغان — ئافراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى. بارسغان شەھىرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇدنىڭ ئاتىسى شۇ شەھەردىن.» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 11 ـ بەت)

«مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى (تۈرك) دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى...»

«مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن...»

(«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ بەتلىرىدىن)

«ئوپال — بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى».

(«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 99 ـ بەت)

«ئازىغ — بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى.»

(«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 86 ـ بەت)

يۇقىرىقى تەلقىنلەردىن بىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نەسەبى (كېلىپ چىقىشى) تۈركىي تىللىق قەۋملەر ئىچىدىكى ئاساسلىق قەبىلە بولغان ياغمىلاردىن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۈيۈك خاقانلىرىنىڭ ئافراسىياپ ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىننىڭ بارسغاندىن قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇغۇلغانلىقىنى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىنىڭ قەشقەرگە قاراشلىق «ئوپال» يېزىسىنىڭ «ئازىق» (ھازىرقى موللام بېغى كەنتى) ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئوردا تەربىيىسى كۆرگەن، ھەربىي ماھارەت ئىگىلىگەن خان جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرەلەيمىز. چۈنكى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەت بۇغراخان ئوغلى مەھمۇد قەشقەرى دۇنياغا داڭلىق ئۇلۇغ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھېچقانداق يېرىدە ھەر قانداق بىر جاينى «بىزنىڭ يۇرت» دەپ ئاتىمىغان، پەقەت ۋە پەقەتلا «ئوپال» بىلەن «ئازىق»نى «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ پەخىرلەنگەن ھالدا ئالاھىدە تىلغا ئالغان.


«دىۋان»دىكى ئىزلار ۋە تارىخىي پاكىتلاردىن مەلۇمكى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن بۇغراخان مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ئوغلى، ئۇ يۈسۈپ قادىرخان (مەلىكۇل مەشرىق)نىڭ ئوغلى، ئۇ ھارۇن ھەسەننىڭ ئوغلى، ئۇ سۇلايمان بۇغراخاننىڭ ئوغلى، ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى، ئۇ بازىرخان (بارلىقخان)نىڭ ئوغلى، ئۇ بىلگە كۆل قىدىرخاننىڭ ئوغلى، ئۇ ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادىدۇر. ئارتۇقچە بولسىمۇ (رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئەسلىمىلەر بولسىمۇ)، بەزى مەنبەلەردە، ئاساسلىقى جەڭنامىلەردە ۋە مەدداھلارنىڭ زىكرى ـ تەلقىن بايانلىرىدا ئافراسىياپ ھۇشاڭنىڭ ئوغلى، ھۇشاڭ تۇرنىڭ ئوغلى،

تۇر پەرىدۇننىڭ ئوغلى، پەرىدۇن تۇركنىڭ ئوغلى، تۇرك كيۇمەرسنىڭ ئوغلى، كيۇمەرس ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى، ئۇيغۇر ياپەسنىڭ ئوغلى، ياپەس بولسا نۇھنىڭ ئوغلىدۇر دېگەن مەلۇماتلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئەمما بۇ توغرىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە، تارىخىي مەنبەلەرنى قېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇرۇق _ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، 1 _ ، 2 _ شەكىل (نەسەب سىخېمىسى) گە قاراڭ.


**1 _ شەكىل:**

## مەھمۇد قەشقەرى ئاتا _ بوۋىلىرىنىڭ نەسەب سىخېمىسى



2 ـ شەكىل:

**مەھمۇد قەشقەرى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ نەسەپ سىخېمىسى**




**مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى**

«شەجەرە» سۆزى ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز. بۇ سۆزنىڭ تومۇرى «شەجەر» بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «دەرەخ» دېگەنلىكتۇر. دەرەخ دېگەن غول، يىلتىز ۋە شاخ ـ يوپۇرماقلاردىن شەكىللىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنى دەرەخىنىڭ غولى دېسەك، ناھايىتى كۈچلۈك يىلتىزى (ئاتا ـ بوۋىلىرى) بولغان بۇنداق چوڭ دەرەخنىڭ باراقسان ئايرىلغان شاخ ـ يوپۇرماقلىرى (ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى) بولماي مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەپسۇس، مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ھەققىدە ھېچقانداق ئىپ

ئۈچى كۆرسەتمىگەن.

مېنىڭ مەھمۇد قەشقەرىدەك خەلقئارالىق بىر ئالىمنىڭ شەجەرىسى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش ھەددىم ئەمەس ئىدى. بۇ «شەجەرە» ئۈستىدە گەپ قىلىشقا مېنى رىغبەتلەندۈرگەن مەنىۋى ئېنېرتسىيە كۈچى شۇكى، مەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئابدۇرېھىم نازارى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتاتتىم. بۇ جەرياندا توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئىچىدە ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 29 ـ ئەۋلادى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يىپ ئۇچى روياپقا چىقتى. دېمەك، ئابدۇرېھىم نازارى بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەۋلاد ـ ئەجدادلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن نازارىنىڭ ئەۋرىسى ئابدۇراھمان باي ھاجىمنىڭ قولىدا بىر «شەجەرە» بارلىقى ۋە نازارىنىڭ قىزى بۇۋى سەلىمە خېنىمنىڭ نەۋرىسى قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىنىڭ قولىدا يەنە بىر «شەجەرە»نىڭ بارلىقى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشتىم. ئەپسۇس، بۇ «شەجەرە»لەر 1937 ـ ۋە 1938 ـ يىللىرى «شەجەرە» ساقلىغۇچىلارنىڭ شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قەتلە قىلىنىشى بىلەن غايىب بولغان.

بۇ «شەجەرە»لەر توغرىسىدا مۇنداق ئويلىدىم: ئۇ كۆيۈپ كەتمىگەن ياكى يىرتىۋېتىلمىگەن ئىكەن، غايىب بولۇش «يوقالغان»لىقنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر كىشىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ «شەجەرە»لەرنى قولىغا چۈشۈرۈپ كەتكەن شەخسلەر كىم؟ ئۇنى چوقۇم تېپىش كېرەك. مېنىڭچە، بۇ «شەجەرە»لەرنى قولىغا چۈشۈرۈپ ساقلاۋاتقان دانىشمەنلەر چوقۇم بىزنىڭ ئەۋلادلار ئىچىدە بار، ئۇ قاچان بولمىسۇن بىر كۈن يورۇقلۇققا چىقىدۇ. مەن ئۇنى چوقۇم تاپالايمەن، دېگەن ئىشەنچ بىلەن 20 يىلدىن بۇيان ئىزدەندىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن بۇ «شەجەرە»نى قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار تۇغقانلارنى رەتكە تۇرغۇزدۇم، «گۇمانلىق» شەخسلەرنى بېكىتتىم. ئەمما ئۇنى ھەيۋە ـ پوپۇزا بىلەن قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇھىمى ئىزدىشىپ تۇرغان، ئىزدىنىشەلمىگەن، ھەتتا «ياتلىشىپ» كەتكەن تۇغقانلار بىلەن يېقىن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ، ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئەڭ ياخشى چارە ئىدى. ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ قاتارلىق مۇھىم پەيتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئۇلار بىلەن زورلاپ باردى ـ كەلدى قىلىشىپ، سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدىم. شۇنداق قىلىپ ئاخىر «شەجەرە»لەرنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپتىم. بەختكە يارىشا ھەر ئىككىسىنى ساقلاۋاتقانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ شەرتى ئېغىر ئىدى.

شەرت شۇكى، «شەجەرە»نى كۆرۈشكە، كۆچۈرۈۋېلىشقا ياكى كۆپەيتىۋېلىشقا بولىدۇكى، ساقلىغۇچىنىڭ نام ـ شەرىپىنى ھەر قانداق كىشىدىن مەخپىي ساقلاش، ئىمتىيازىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش ۋە قەسەم بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. مەن ئۇلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە شەرتسىز قوشۇلدۇم.

شۇنداق قىلىپ «شەجەرە»لەرنىڭ بىر نۇسخىدىن كۆپەيتىلگەن كوپىيىسىگە ئېرىشتىم. مېنىڭ، ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىم مانا شۇ شەجەرىلەرنىڭ ئىككى نۇسخىسىدۇر.

«شەجەرە» نىڭ بىرىنچىسى قۇتلۇق شەۋقى تەرىپىدىن ئەسلىدىكى «شەجەرە»دىن قىسقارتىپ كۆچۈرۈلگەن ياكى ئۆزى خاتىرە ئورنىدا تۈزگەن «شەجەرە».بۇ بىر بەتلا بولۇپ، سىپتىلانغان يەرلىك قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن نۇسخا. «شەجەرە» مۇنداق يېزىلغان:

(786) كەمىنە قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى، بىننى ئابدۇرېھىم بەگھاجىم، بىننى مۇسا باي، بىننى ئۆمەر ئەتتار، بىننى قۇتلۇق شاھئەئلەم، بىننى توختى پالۋان، بىننى موللا باقى ئاخۇن خەلپىتىم، بىننى ئەلقۇت ۋەلى خوجا ئىشان، بىننى موللا مۇھەممەدى مۇپتى ئاخۇنۇم، بىننى ئۆمەر قازى ئاخۇنۇم، بىننى خوجا ئابدۇرەھمان خەلپەم، بىننى موللا يۇنۇس خەلپىتىم، بىننى ئىبراھىم ھاجىم مەۋلەۋى، بىننى مۇھەممەد رېھىم شەيخ، بىننى ئابدۇرېشىت شەيخ، بىننى ئىسمايىلخان، بىننى ئابدۇمۆمىن شەيخ، بىننى قۇتلۇق خوجا، بىننى ئابدۇرەھمان مۇفتى، بىننى مۇھەممەد ئىمىن خوجا، بىننى خەلپەت مىرزا، بىننى ئىمىر ھۇسەيىن مەۋلەۋى، بىننى مەھمۇد غازى بەگ، بىننى مۇھەممەتخان، بىننى ئەبۇنەلى شەيخ، بىننى ئەلقۇت شەيخ، بىننى مۇسا خەتمە گەردە، بىننى ئابدۇكېرىم خان، بىننى ئوسمانخان، بىننى ھەسەن خان مىرزا، بىننى يۇسۇپخان سۇدۇر، بىننى سۇلايمان ئالىپ تېگىن، بىننى مەۋلانا شەمسىدىن مەھمۇدىل كاشغەرى، بىننى ھۇسەيىن، بىننى مۇھەممەد بۇغراخانلاردۇر. شەجەرىلەردىن مەلۇمكى، بۇزرۇك پەدەر مەرھۇم ئاتام ئابدۇرېھىم بەگھاـ

جىمىنىڭ ۋالىدەسى بۇۋى سەلىمە خانىكەم دىۋان شاھان ۋە ئەدىب ئابدۇرېھىم نازارى ھەزرەتنىڭ پۇشتى ــ ئاجىزەسى بولمىشتۇر. بوۋىمىز مۇسا باي بىلەن مومىمىز بۇۋى سەلىمىخانىكەم ئەۋرە تۇغقانلاردىن ئىكەن. تۇنجى تەۋەللۇتىدا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنى تىلەپ ئېلىپ، ئۆز يۈرەك پارىسىغا «ئابدۇرېھىم» دەپ ئىسىم قويغاندۇر. تارىخىي 1353 ـ رامىزان ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى ھىجرىيە، مىلادىيە 1935 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇمە. بىئونىل مەلىكول ۋاھھاب، ۋاللاھۇ ئەئلەم بىسساۋاب. ئەل كالامۇل مۇختەسەرە ۋەتتامامۇشجەرە. تەممەتۇل بىل خەيرى، ئامىن بىرەھمىتىكە يائەرمۇرراھىمىن.

مەزكۇر «شەجەرە»نىڭ بېشىدىكى ئەرەبچە رەقەم ٧٨٦(786) تىلسىملەنگەن ئىبارە بولۇپ، «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» گە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىمۇ شەجەرە مۇئەللىپىنىڭ نەقەدەر ئېختىياملىقنى نەزەردە تۇتقانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.



مەزكۇر شەجەرە قۇتلۇق شەۋقى جەمەتىدىن بىر كىشىنىڭ قولىدا ھازىرغىچە ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغان. قاتلىنىشىدىن قارىغاندا «تۇمار» قىلىپ ئېسىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى ھەزرەت شەجەرىنى ئۇنىڭغا بەرگەندە ئالاھىدە جېكىلەپ: «بۇ بىزنىڭ ئەبەدىي ئەگگۈشتەرىمىز، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد قولدىن قولغا ئۆتۈپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. نۆۋەت ساڭا مۇيەسسەر بولدى. جېنىڭ تەندە تۇرۇپ يوقىتىپ قويساڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭغا يۈز كېلەلمەيسەن، پەيغەمبەرگە ئۈممەت بولالمايسەن، جېنىڭدىن ئەتىۋا بىلىپ ساقلا. بۇ يولدا جان بەرسەڭ شېھىت ماقامىدا بولۇرسەن. ئۆمرۈڭ ئاخىرىدا ئۆزۈڭ ئىشەنگەن، دىلىڭ گۇۋاھلىق بەرگەن ئەۋلادىڭدىن بىرىگە تاپشۇرغايسەن، زىنھار غاپىل بولما» دەپ ئالاھىدە تاپىلىغان ئىكەن. ئاخىرىدا: «بۇ بىزگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قالدىغان، ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان ئامانەتتۇر. ئامانەتتىكە خىيانەت قىلىش كۇففۇرلۇقتۇر» دېدى ماڭا «شەجەرە»نى كۆرسەتكۈچى دانىشمەن. مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ـ ئىنتايىن كۆپ تەشەككۈر ئېيتتىم. يېنىمدىن 1000 سوم پۇلنى چىقىرىپ: «ئاز بولسىمۇ...» دەپ تەڭلىشىمگە دەككەمنى يېدىم:

«سىلىنى مۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، مېنى تېخىچە چۈشەنمەيدىكەنلا، مەن پۇل ـ مالغا كۆزى توق بىر ئادەم ھەم شۇنداق ئەۋلادنىڭ پۇشتىمەن. مەن سىلىنى ئۆز جەمەتىم دەپ راست گەپنى قىلسام، كۆڭلۈمگە ئازار بېرىپ قويلا تەخسىر...» دەپ پۇلغا كۆز ـ قىرىنىمۇ سالماستىن پوزىتسىيىسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالدى ـــ دە، «شەجەرە»نى يانچۇقىغا سېلىشقا تەمشەلدى. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئەپۇ سورىدىم. مىڭ تەسلىكتە قولغا كەلگەن ئەگگۈشتەردىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم. خەيرىيەت، كېيىن يەنە يۇمشاپ: «بۇرادەر، بىز تۇغقاندەك تۇغقان بولۇشايلى، بولامدۇ؟ مەن سىلىنى بەك چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلىگىنىم ئۈچۈن راست گەپ قىلغان، ۋەدىمىز ۋەدە بولسۇن!» دەپ شەجەرىنى قولۇمغا بەردى. بۇ «شەجەرە» 1938 ـ يىلى قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى قولغا ئېلىنىش بىلەن «غايىب بولغان شەجەرە» ئىدى. (70 ـ بەتتىكى «شەجەرە» نۇسخىسىغا قاراڭ)

ئىككىنچى «شەجەرە»گە كەلسەك، ئابدۇراھمان بايھاجىم 1937 ـ يىلى شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە تاشلانغاندا ناتەۋانى چەت ئەلدە ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ «شەجەرە»گە ئېرىشەلىگەن. ناتەۋانى [1] قەلىمىدىكى بۇ «شەجەرە»گە قارىغاندا، دادىسى ئابدۇراھمان بايھاجىم ساقلىغان شەجەرە ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىپ رەددە بېدەل بولۇپ كېتىپ ساقلاش قىممىتىنى يوقاتقان بولسا، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تەتۈر تەزكىرە تۈزۈش (ئاياغدىن باشقا قاراپ يېزىش) ئۇسلۇبىنى يارىتىپ، ئۆز مۇددىئاسى بويىچە يېزىپ قالدۇرغان بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. غايىب بولغان بۇ «شەجەرە»نى ساقلىغۇچىنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ يۇقىرىقى شەجەرىنى، يەنى بىرىنچى شەجەرىنى ساقلىغۇچىنىڭ پوزىتسىيىسى بىلەن بىردەك كەسكىن بولدى. بۇ ھەقتە يەنە ئەزۋەيلەش ھاجەتسىز. ئىككىنچى «شەجەرە»نىڭ ئىلمىي قىممىتى بىرىنچىسىنىڭكىدىن ئارتۇقراق. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى، بۇ بىر دەپتەر بولۇپ، ناتەۋانى ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسىم قوليازمىلىرى بۇ ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كېلەلەيدىگەن. «شەجەرە» ئاشۇ دەپتەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، نازارىنىڭ دادىسى مەۋلانە ئەلنەزەر ئاخۇنۇم، «شەيخ» لەر جەمەتى، شۇنداقلا ئەجداد ـ ئەۋلادلار ئىچىدىن يېتىلىپ چىققان بىر قانچە ئالىملارنىڭ ھاياتى ۋە يازغان ئەسەرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بار. ئۇ بىزنى بەزى مۇھىم تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ:

(1) ئەلنەزەر ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىدە ئۆزىنى ھەزرىتى موللامنىڭ 28 ـ ئەۋلادى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. (2) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 102 يىل ياشاپ، ھىجرىيىنىڭ 499 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى، موللام تېغى باغرىدا يېتىپ ھەزرىتى موللام قەبرىگاھى دەپ ئاتالغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ئىككىنچى «شەجەرە» مۇنداق يېزىلغان:

### مۇتەبەررۇك فەدەرە ۋە ئابا ئۇششەجەرە

(تەۋەررۇك ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ شەجەرىسى)

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

فَلْيَنظُرِ الْإِنسَانُ مِمَّ خُلِقَ ﴿٥﴾ خُلِقَ مِن مَّاءٍ دَافِقٍ ﴿٦﴾ يَخْرُجُ مِن بَيْنِ الصُّلْبِ وَالتَّرَائِبِ ﴿٧﴾ إِنَّهُ عَلَىٰ رَجْعِهِ لَقَادِرٌ ﴿٨﴾ قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا ﴿٩﴾

مەنىسى: ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن (5) ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى (6) ئۇ مەنى ئومۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ (7) شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (تىرىلدۈرۈشكە) قادىردۇر (8) («قۇرئان كەرىم» 86 ـ سۈرىنىڭ 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايەتلىرى) روھىنى پاك

[1] ناتەۋانى (1860 ـ 1955) ھەققىدە «ئىلىم ۋە ئالىم» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

www.uyghurkitap.com



قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. (9) («قۇرئان كەرىم» 91 ـ سۈرە 9 ـ ئايەت)

ئەھقىرىل ئىنسان، ۋەكالالىلىسان ئوسمان ئاخۇن خەلپىتىم ناتىۋان، بىننى ئابدۇرەھمان بايهاجىم، بىننى ئوسمان قارىهاجىم، بىننى مەۋلەۋى داموللا ھەسەن مەخدۇم ھاجىم، بىننى ئابدۇرېھىم نازارى، بىننى مەۋلانا ئەلنەزەر ئاخۇنۇم، بىننى موللا باقى ئاخۇن خەلپىتىم، بىننى ئەلقۇت ۋەلى خوجا ئىشانەم، بىننى موللا مۇھەممەدى مۇپتى ئاخۇنۇم، بىننى ئۆمەر قازى ئاخۇنۇم، بىننى خوجا ئابدۇرەھمان خەلپەم، بىننى موللا يۇنۇس خەلپىتىم، بىننى مەۋلەۋى دامولla ئىبراھىم ھاجىم، بىننى مۇھەممەد رېھىم شەيخ ئاخۇنۇم، بىننى ئابدۇرېشىت شەيخ ئاخۇنۇم، بىننى ئىسمائىل خان، بىننى ئابدۇمۆمىن شەيخ، بىننى قۇتلۇق خوجا، بىننى ئابدۇرەھمان مۇفتى ئاخۇنۇم، بىننى مۇھەممەت ئىمىن خوجا، بىننى خەلپەت مىرزا، بىننى ئىمىر ھۈسەيىن مەۋلەۋى داموللاجىم، بىننى مەھمۇد غازى بېگىم، بىننى مۇھەممەدخان، بىننى ئەبۇ ئەلى شەيخىم، بىننى ئەلقۇت شەيخ ئاخۇنۇم، بىننى ئەبۇ مۇسا خەتمە گەردە پىرىم، بىننى ئابدۇكېرىم خان مۇنىشى، بىننى ئوسمانخان، بىننى ھەسەنخان مىرزا، بىننى يۇسۇپخان سۇدۇرى، بىننى سۇلايمان ئالىپ تەگىن، بىننى مەۋلانا شەمسىدىن مەھمۇدىل كاشغەرى پىرى كامىل ھەزرىتى موللام بىننى ھۈسەيىن، بىننى مۇھەممەد ئارىسلانخان، بىننى مەلىكۇل مەشرىق يۇسۇپ قېدىرخانلاردۇر.

وَاغْفِرْ لَنَا وَلِوَالِدَيْنَا وَوَالِدِ وَالِدَيْنَا وَذُرِّيَّاتِنَا وَإِخْوَانِنَا وَأَهْلِينَا
أَجْمَعِينَ بِرَحْمَتِكَ يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ .

مەنىسى: بىزنى، ئاتا ـ ئانىمىزنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى، ئەۋلادلىرىمىزنى، قېرىنداشلىرىمىزنى، ئائىلىمىزدىكىلەرنى ئۆز مەرھەمىتىڭ بىلەن مەغپىرەت قىلغىن، ئى رەھىمدىل ئاللا!

بۇ شەجەرىلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئادەتتىكى شەجەرىلەرگە ئوخشاش ئەجدادتىن (يۇقىرىدىن) ئەۋلادقا (تۆۋەنگە) قارىتىپ تەپسىلىيرەك يېزىلماستىن، ئەكسىچە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ ئىسىملىك بېرىلىپ، ئىخچام يېزىلغان. بىرىنچى «شەجەرە» بىر بەتتىن ئىبارەت خالاس. قەغىزى ئىنتايىن سىلىق سىپتىلانغان يەرلىك قەغەز. بۇنىڭدا ئەجداد ـ ئەۋلاد تىزىملىكىدىن باشقا قوشۇمچە بايانلار يوق.

ئىككىنچى «شەجەرە» دە ناتەۋاننىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئەجداد ـ ئەۋلاد تىزىملىكىنى بەرگەن. جەمەت ـ تۇغقانلار ئارىسىدىن چىققان ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى خاتىرىلەپ قويغان. بۇنىڭ قەغىزى پاتلانغان خوتەن قەغىزى بولۇپ، سارغۇچ رەڭدە. بۇنىڭدىن «شەجەرە»نىڭ ساقلاش جەريانىدا ۋە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈش نەتىجىسىدە كىرلەشكەن ۋە ئىسلانغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ «شەجەرە»لەردە شەۋقىمۇ، ناتەۋانىمۇ ئۆزىدىن باشلاپ ئىسىملىكلەرنى رەتكە تىزغان. «1 ـ شەجەرە»گە نىسبەتەن «2 ـ شەجەرە» دە ئىسىملارنىڭ سۈپەت، ئۇنۋانلىرى تولۇقراق ئېلىنغان.

ئورتاقلىقى شۇكى، ھەر ئىككى «شەجەرە» ئەسلى نۇسخا بولماستىن، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى بىلەن ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانىلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزى كۆرگەن ياكى قولغا چۈشكەن نۇسخىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە «شەجەرە» تۈزگەنلىكى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم. نېمىلا بولمىسۇن، «شەجەرە» سىزلىككە خاتىمە بېرىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ 29 ـ ئەۋلادى بولغان ئابدۇرېھىم نازارى ھاياتىنىڭ يورۇتۇلۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينىشى مۇمكىن.

ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ ئەۋلادى ئۇنىڭ 29 ـ بوۋىسى بولغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭمۇ ئەۋلادى ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇ ھەقتە مەن «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان «ئىلىم ۋە ئالىم» ناملىق كىتابىمدا ۋە «مۇنبەر» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ نەسەبنامىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالەمدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نازارى ئارقىلىق تۇتاشقان 400 دىن ئارتۇق ئەۋلادلىرى ئۈستىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختالغانىدىم. بۇ ئىشقا ئىنچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ئۇستاز يازغۇچى ئابلا ئەھمىدى ئەپەندىم «مۇنبەر» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىلى 3 ـ سانىدا بۇ ھەقتە يەنە بەزى يېڭى قاراشلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر چاغدا نازارى ئەۋلادلىرىنى قايتا تونۇشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئەۋلادلارنى بۇ ماقالىدە تەكرار بايان قىلىپ ئولتۇرمايمەن. (تەپسىلاتىنى ۋە ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ نەسەب سخېمىسىنى «مۇنبەر» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئىلىم ۋە ئالىم» ناملىق كىتابتىن كۆرۈ-

ۋېلىك.)

بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئىنىقلاش، تەھلىل قىلىشلارغا قارىغاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەۋلادلىرىنى «ئاتا جەمەت» ئەۋلادى ۋە «ئانا جەمەت» ئەۋلادى دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. «كۇلا» (شەيخلەر ئۆزلىرىنى شۇنداق لەقەم بىلەن ئاتىشىدۇ، بەزىلەر «كۇلان» دەپمۇ ئېيتىدۇ)، «يىلان»، «توغرا» لەقەملىك ئەۋلادلار «ئاتا جەمەت» ئەۋلادقا كىرىدۇ. «سېرىق بىللاغ» دەپ ئاتىلىدىغانلار «ئانا جەمەت» ئەۋلادى ئىكەن. چۈنكى «كۇلا»، «يىلان»، «توغرا» لار ئەۋلادى ۋاپات بولسا مەھمۇد قەشقەرى قەبرىسىنىڭ يېنىدىلا ياتىدىكەن. ئەۋلاد جەھەتتىن ئۇلارمۇ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ سالاسۇن ئىچىدە، سالاسۇن سىرتىدا، بەزىلىرى دەرۋازا سىرتىدىكى قورۇق تام ئەتراپىدا يېتىشىدىكەن. بۇنداق يېتىشنىڭ ئۆزى ئەۋلادلارنىڭ ئەسلى ئاتا جەمەتكە يېقىن تۇغقان ياكى يىراقراق تۇغقان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىكەن. بۇنداق بولۇشى، ئاتا - بوۋىلىرى بىۋاستە تۇتىشىدىغانلار — ھەم ئاتا ھەم ئانا جەمەت بىۋاستە «كۇلا» دىن قوشۇلغانلار سالاسۇن ئىچىدە ياتىدىكەن. ئاتا تەرەپ «كۇلا» دىن، ئانىسى «يىلان» دىن بولغانلار سالاسۇن سىرتىدا، ئانىسى «كۇلا» دىن دادىسى «يىلان» دىن بولغانلار دەرۋازا بىلەن قورۇق تام ئىچىدە، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ بىرسى «يىلان» دىن، بىرسى «توغرا» دىن بولغانلار قورۇق تامنىڭ سىرتىدا يېتىش ئادەتكە ئايلانغان. 1984 - يىلى قەبرە كۆچۈرۈلگەندە، يۇقىرىدىكى ئەۋلادلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھىنىڭ ئارقىسىدىكى دۆڭلۈككە يۆتكىلىپ، يەنە ئىلگىرى - كېيىنلىك، يىراق - يېقىنلىق تەرتىپى بويىچە دەپنە قىلىنغان.

«سېرىق بىللاغ» نەسلىدىن دەپ ئاتىلىدىغان ئەۋلادلار ئاساسەن «خوجا سەيپىدىن بۇزرۇكۋارىم» مازىرى بىلەن «بۇۋى رابىيە بەسرىم» قەبرىستانلىقىنى چۆرىدەپ ياتىدىكەن. «سېرىق بىللاغ» لاردىن موللام بېغى كەنتى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلارمۇ ئاز - تولا بارمىش. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، «ئاتا جەمەت» ئەۋلاد قائىدە بويىچە بوۋىسى مەھمۇد قەشقەرى ئەتراپىدا ياتقان، «سېرىق بىللاغ» دىن ئىبارەت «ئانا جەمەت» ئەۋلادلار مەھمۇد قەشقەرى قەبرىستانلىقىغا ئاساسەن ئورۇنلاشمىغان. ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىدا ياشايدىغان، ئەۋلادلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان كەنتلەرمۇ مازاردىن (موللام بېغى كەنتىدىن) يىراقراق جايلاشقان كەنتلەردۇر.

«شەجەرە» دە ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانىنىڭ ھىجرىيە 1319 - يىلى زۇلھەججىنىڭ 13 - كۈنى (يەكشەنبە) تۇردى ھاجىم شەيخ ئاخۇنۇم بىلەن بولغان سۆھبەتتىدىن قالدۇرغان خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: بۇ كىشى ئاۋامنىڭ ئېكرامىغا نائىل ئۆلىما، تەرىقەت پېشۋاسى. ئوچۇق كۆڭۈل، خۇشچاقچاق، مېھماندوست رەفىق. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ھەزرىتى موللام زىيارىتىمىزدە ئالدىمىزغا چىقىۋاتقان سېخى ساھىپخان، تۇغقانچىلىقنى تاكاممۇل يەتكۈزدى. ئوغلى ئابدۇرېشىت ئاخۇن شەيخىم بىلەن ياش پەرقىمىز ناھايىتى كىچىك. بۇ بۇرادەرمۇ شۇنداق لەتىپ ھەلىم كىشى. تۇردى ھاجىمنىڭ قالغان ئىنىلىرىمۇ تۇغقانچىلىقتا شۇنداق ئىجىل ھەم مېھماندوست. بۇ يىل قۇربان ھېيت نەۋرۇز ئايىمى بىلەن بىر كەلگەنلىكى تۈپەيلى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن ئوپالغا كەلگەن ئىدۇق، زىيارەتلىرىمىز ناھايىتى خۇشدىل ۋە باياشات ئىچىدە ئۆتتى. تۇردى ھاجىم كۆڭلىدىكى بارلىق گەپلىرىنى ئايان قىلدى. دادامدىن باشلاپ ئەڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز موللا نىياز شەيخكىچە مەمەترېھىمدىن ئالتە كىشى، موللا نىيازدىن ئالتە كىشى ئۆتۈپتۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز موللا نىياز شەيخىم ئۇلۇغ بوۋىمىز ھەزرىتى موللام مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 9 - جەمەت ئەۋلادى، يەنى ئەبۇ ئەلى شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشلىغاندا شەيخلەر تىزىملىكى مۇنداق:

«ئاتا جەمەت» لەر تىزىملىكى:


1. موللانىياز شەيخ
2. قۇدرەت شەيخ
3. مەمەترېھىم شەيخ
4. موللا نىياز شەيخ
5. ئوسمان شەيخ
6. مەمەترېھىم شەيخ
7. موللا نىياز شەيخ
8. ئابدۇرېھىم شەيخ
9. مەمەترېھىم شەيخ
10. موللا ئەۋەز شەيخ
11. باھاۋىدىن شەيخ
12. موللا نىياز شەيخ
13. قۇدرەت شەيخ
14. مەمەترېھىم شەيخ
15. موللا ئابدۇرېھىم شەيخ
16. قايىم شەيخ
17. مەمەت رېھىم شەيخ
18. موللا ھوزۇرىدىن شەيخ
19. موللا نىياز شەيخ
20. ئابدۇكېرىم شەيخ
21. ئابدۇراھمان شەيخ
22. موللا نىياز شەيخ
23. مەمەت رېھىم شەيخ

تۆۋەندە مەمەت رېھىم شەيخ ئەۋلادى (ئاساسلىق ئوغۇل جەمەتى) سخېما ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلدى: (3 - 4 - شەكىل)


www.uyghurkitap.com




3 - شەكىل:



4 - شەكىل:



ھەزرىتى ئەبۇئەلى شەيخ ئاخۇنۇم ئاخىر ئۇمرىدە ئوغلى موللا نىياز شەيخىمگە مۇنداق تاپىلاق بەرگەنىكەن: «ئوغلۇم، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ۋەتەننى ئەھلى ۋە تەن ساقلايدۇ. بىر ئائىلىنى ئائىلە جەمەتى ساقلايدۇ، ھەركىم ئۆز مۈلكىنى ئۆزى ساقلايدۇ. غەيرىيلەر مەنپەئەتكە قاراپ ئىش كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولماس. دېمەكچىمەنكى، رەۋزەئى مۇبارىكىمىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ساڭا ۋە سىنىڭ ئەۋلادىڭغا باغلىق. سەن رەۋزىگاھىمىزغا ئىززەت ئىكرام ۋە ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن ئۆتسەڭ، ئەۋلادىڭ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدۇ. رەۋزەئى خانىمىزغا ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن قارا. شەيخلىقىنىڭ ماقامى ئۇستۈن، مىرادى ئۈزۈن. بۇ قىيامەتتە سورىقى بار ئىش. بۇ خىزمەت ساڭا قالدى، ئاگاھ ۋە دانا بول. شۇنىڭدىن باشلاپ شەيخلىق بىرىمىزدىن بىرىمىزگە مىراس قالغان ئىشتۇر».



ھەزرىتى موللام قەبرىگاھىنىڭ ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردە بولۇپ نەچچە يۈز پاتمانلىق ۋەخپىسى بار ئىكەن، ھاسىلاتىنىڭ بىر قىسمى تەمرات ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ئىش شۇنداق داۋاملاشقان.

«توغرا» جەمەتىدىن ھوزى چوڭ ئەۋلادىنىڭ نەسەب سخېمىسىغا قاراپ باقايلى:

ئىزاھات:


[1] ئابدۇروسۇل كېرىم «مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنى قوغداش ئورنى» نىڭ بىرىنچى ئەۋلاد مەسئۇلى. ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان جاپالىق ئىشلەپ، قەبرىگاھنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

[2] دىلنۇر ــ ئابدۇروسۇل كېرىمنىڭ قىزى، «مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنى قوغداش ئورنى» نىڭ كادىرى، «مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى.

يۇقىرىقى سخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك (سخېمىغا

## «سىرىق بىلىلاغ» ئەۋلادىنىڭ سخېمىسى (بىر ئەۋلادىنىڭ)

5 ـ شەكىل:



www.uyghurkitap.com



قىز ئەۋلادى ۋە ئانچە مۇھىم رول ئوينىيالمىغانلار كىرگۈ-
زۈلمىدى) تەپسىلىيرەك ئىنىقلىساق، «شەيخ» ئەۋلادى
موللام بېغى كەنت نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن.

ئەمدى «سېرىق بىللاغ» جەمەتىگە كەلسەك، ئۇلارمۇ
بىر قانچە ئۇرۇقتىن، ھەر بىر ئۇرۇق بىر قانچە ئەۋلادتىن
تەركىب تاپقان ئىكەن. مەسىلەن، «سېرىق بىللاغ» جە-
مەتىدىكى يۈسۈپبەگ ئۇرۇقىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەۋلادى
يەتتە ئوغول، بىر قانچە قىزدىن تارالغان ئىكەن. بۇ ھەقتە
يەنە نەسەپ سىخېمىسى جاۋاب بەرسۇن. (5 ـ شەكىل،
ئالدىنقى بەتكە قاراڭ)


ھازىر قەشقەر شەھىرى چىنە باغ مەھەللىسىدە ئول-
تۇرۇشلۇق ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىم بۇ يىل 77 ياشتا
بولۇپ، ئەسلى ئوپال قۇمباغ كەنتىدىن. دادىسى ئابدۇۋا-
ھىد مەخسۇم قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىنىڭ ئوغلى قادىر بې-
گىم بىلەن ئانا بىر، دادا باشقا ئاكا ـ ئۇكىلاردىن. ئابدۇل-
ئەھەد مەخسۇم ھاجىمنىڭ دادىسى ئابدۇلۋاھىد مەخسۇم
بولسا ھاجى موللا رەھمىتۇللا خەلپىتىم (ئۇستازى كۇل)
نىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتائۇللا راخۇنۇمنىڭ ئوغلى، ئۇ ھىداي-
ىتۇللا راخۇنۇمنىڭ ئوغلى، ئۇ ئىنايىتۇللا راخۇنۇمنىڭ
ئوغلى، ئۇ ھۆسمىتۇللا راخۇنۇمنىڭ ئوغلى، ئۇ سۇنئىللا
قاراخۇنۇمنىڭ ئوغلى، ئۇ مەۋلانا سىراجىدىن ئاخۇنۇمنىڭ
ئوغلى، ئۇ مەۋلانا شەمسىددىنىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئۆمەر قازى
ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۆمەر قازى ئاخۇنۇم مەھمۇد
قەشقەرىنىڭ 24 ـ ئەۋلادىدۇر. «مەۋلانا شەمسىددىن» دې-
گەن ناممۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ سۈپىتى بولۇپ، مەھمۇد
قەشقەرىنىڭ ئاتا جەمەت ئەۋلادى ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر
دەلىلىدۇر. ئۇلارنىڭ جىلغىدىن (سۆسەر ئاغزىدىن) تار-
تىپ كونا لەڭزىگىچە بولغان زېمىن مۇشۇ ئەۋلادنىڭ ئى-
گىدارچىلىقىدا بولغان. بەشباغ كەنتىدىكى 60 مو يەرنى
مۇساخان مەخسۇمغا 1936 ـ يىلى سېتىۋەتكەن. بازارنىڭ
كۆكچى، ئارال كەنتلىرى، قايچى ئۆستەڭدىن سۇ كىرى-
دىغان 16 مو يېرى بىلەن ئىككى تاغىسىنىڭ 16 مودىن 32
مو يېرىنى قاسىمانكام شىپەك، ھاشىم چوڭ، توختى تې-
لىپ، ئۆمەر قاساپلارغا ئىجارىگە بەرگەن. چۈنكى بۇ
يەرلەر ۋەخپە يەرلەر بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان، سې-
تىشقا بولمايدىغان يەرلەر ئىكەن. بۇ ئەۋلادنىڭ تاشبالىق
(تاشمىلىق)، ئوۋبالىق (ئوپال)، لوبالىق (بۇلاقسۇ) ئارى-
سىدىكى 40 پاتمانلىق يەرنى ئىمامىلىرىمغا، بەشباغ، موللام
بېغى ئەتراپىدىكى يەرلىرى ھەزرىتى موللامغا ۋەخپە قى-
لىۋېتىلگەن. دېمەك، «ئاتا جەمەت» تىن مەھمۇد قەشقە-
رىگە بىۋاستە باغلانغان. «ئانا تەرەپ» جەمەتتىن ئالغاندا
ئابدۇلئەھەت مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئانىسى بۇبى ھېلىمبا-
نىخان قۇشناچىمنىڭ دادىسى قۇددۇس ئەلەم ھاجىم
چوڭئاخۇن ئەلەمنىڭ ئوغلى، ئۇ ھېسامىددىن ئەلەم ئاخۇ-
نۇمنىڭ ئوغلى، ئۇ خۇدابەردى بەگ (ئەينى چاغدىكى
توققۇزاقنىڭ بېگى) نىڭ ئوغلى بولۇپ، «سېرىق بىللاغ»
جەمەتىدىندۇر. يۈسۈپ چوڭ جەمەتىنىڭ نەسەب سىخېمى-
سىنى كۆرۈپ باقايلى: (6 ـ شەكىل، كېيىنكى بەتكە قاراڭ)

ئۇنىڭدىن باشقا، خەزىنىچى بەگ كوچىسىدىكى
داۋۇت ھاجىمنىڭ لەقىمى «داڭزىنىاڭ» بولۇپ، چەتكە
چىقىش پاسپورتى بېجىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ-
نىڭ ئوغلى قۇتلۇق ھاجىمنىڭ لەقىمى مازىڭاڭ بولۇپ،
خەزىنىدار بولغان. ئۇنىڭ نامىغا كوچىنىڭ ئىسمى «غە-
زىنىچىبەگ كوچىسى» دەپ ئاتالغان. ئۆمەر بېگىم، ئۇرايىم
بېگىم، ئابلا بېگىم (مەمەت يۈسۈپ ئۇيغۇرىنىڭ دادىسى)،
ياقۇپھاجىم، ئەمىتاخۇن، ئاتاۋۇللىراخۇن، ئوبۇلقاسىماخۇنغا
ئوخشاش 60 نەپەردىن ئارتۇق ئەۋلاد ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى
«سېرىق بىللاغ» ئەۋلادى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇلار ئىچىدىن
تاختا كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇشلۇق مەمەترېھىم دوختۇر (ئۆپكە
كېسەللىكلەر ساناتورىيىسىدىن پېنسىيىگە چىققان)، ئى-
نىسى قۇتلۇق ھاجىم (ۋىلايەتلىك 2 ـ دوختۇرخانىدا
ئىشلەيدۇ)، يەنە شۇنىڭدەك قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىن
ئابلىمىت ئوسمان، باقىھاجى، مەمەتسىدىق قاتارلىقلار،
قەشقەر ئوتتۇرا سوتتىن غولامجان، ۋىلايەتلىك پەن ـ
تېخنىكا كومىتېتىدىن پېنسىيىگە چىققان يۈسۈپ ئاب-
دۇكېرىم، ئۇرۇمچى خالمۇرات غوپۇر باشقۇرۇشىدىكى چە-
كاڭ دورا زاۋۇتىدىكى تېخنىك ئابدۇرېھىم يۈسۈپ، ئۇيغۇر
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئابدۇسوپۇر مەمەت ئابدۇرو-
سۇل، قەشقەر گېزىتى ئىدارىسىدىكى ئابدۇرسۇل ئۆمەر
قەشقەرى، شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى ئەركىن
نىياز، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش چوڭ
ئەترىتى باشلىقى ئابدۇغېنىجان... قاتارلىق نۇرغۇن كى-
شىلەرمۇ «سېرىق بىللاغ» ئەۋلادىدىندۇر.

بۇ بىر ئەۋلادنىڭ «سېرىق بىللاغ» دەپ ئاتىلىشى-
نىڭ سەۋەبى، ئاتا ـ بوۋىلىرى بالىلىرىغا كۆيۈنۈپ دۇئا
قىلغاندا ئەتەي سېرىق تون، سېرىق سەللە، سېرىق بەلباغ
بىلەن جابدۇنۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن
«باي ـ باياشات ئۆت، كىشىگە موھتاج بولما، ھاكىم بول»
دەپ دۇئا قىلىشىدىكەن. بۇ خىل دۇئا قىلىش ئۇدۇمى
بىلەن ئۇلار «سېرىق بىللاغ» دەپ ئاتالغان ئىكەن. «سې-
رىق بىللاغ» ئەۋلادى كونى شەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەر
قايسى يېزىلىرىغا تارقىغاندىن باشقا، قەشقەر شەھىرى،
يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلارغىمۇ، ھەتتا ۋىلايەت ئاتلاپ
كەتكەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. «سېرىق بىللاغ» ئەۋلادى

6 ـ شەكىل:

## «سىرىق بىللاغ» دىن يۇسۇپ چوڭ جەمەتىنىڭ نەسەب سىخېمىسى



① نازارنىڭ ئۇستازى موللا غوجەش خەلپىتىمنىڭ ئۆزىدۇر.

② زوھۇرىدىن ھېكىم بەگكە كېلىن بولغان.

③ قەشقەردىكى باراخونۇم كوچىسىدىكى قوتبىدىن ئاخونۇمدىن بالىلىق بولغان.

④ قوتبىدىن ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئاخونۇمغا ياتلىق بولغان.

⑤ كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى.

⑥ كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

⑦ قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە.

⑧ ۋالى مەھكىمە ئىشخانا مۇدىرلىقىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يۆتكەلگەن.

⑨ كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە.

⑩ ئابدۇرېھىم ھاجى ــ قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە.

★ بۈبى مەريەمخېنىم ــ زوھۇرىدىن ھېكىمبەگنىڭ 4 ـ ئايالى.

★ ئابدۇۋاھىت مەخسۇم ــ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئابلىز مەخسۇم بىلەن بىللە ئوقۇغان. 1937 ـ يىلى شىڭ شىسەي قەتلە قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىچىدىن مەشھۇر ئالىم ـ ئۆلىمالار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە بىر قىسىم شەيخلەر چىققان. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ ئۇستازى موللا غوجەش (موللا غوجىلاق) خەلپىتىم داڭدار شەخس بولغاچقا، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ بىلەن قۇدا بولغان. يەنى موللا غوجىلاق خەلپىتىمنىڭ ئىنىسى چوڭبەگنىڭ قىزى بۇبى مەرىيەم خېنىم زوھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ 4 ـ ئايالى بولغان بولسا، نەۋرە قىزى ئانار خېنىم زوھۇرىددىن ھېكىم بەگكە كېلىن بولغان. ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ ئوردىدا سىجلات، كېيىنرەك باش كاتىپ بولۇشىدا موللا غوجىلاق خەلپىتىممۇ مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى، 1946 ـ يىلى قەشقەرگە ۋالىي بولغان ئۆمەر داموللام، زوھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىسى زەيدىن قۇرۇل بېگى، فىزىكا ئالىمى كۇرەش ئىبراھىم (ئانا جەمەت ئەۋلادى سېرىق بىللاغ) قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر «سېرىق بىللاغ» جەمەتىدىندۇر. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، خەلچەم ئىسلامنىڭ چوڭ دادىسى مامۇتخان ھاجىم، بوۋىسى ئىسلام بەگمۇ «سېرىق بىللاغ» جەمەتىگە تەۋە ئىكەن.

يۇقىرىدىكىلەر تەكشۈرۈپ چىققان پاكىتلار ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمىلا بولۇپ، ھەممىسىنى ئىزھار قىلىش ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۈل ئىشتۇر. بۇ خىل تارماق ئەۋلادلارنى تەكشۈرۈشتىن مەقسەت ـــ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ياشىغان ۋە ھازىر ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئادەم بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئۇرۇق ئەۋلادلىرى ھامان بولىدۇ. بولۇپمۇ مەھمۇد قەشقەرىدەك قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەبىقىسىدىن بولغان شاھزادىنىڭ بىر ئەمەس بىر قانچە خوتۇنىدىن، مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، مەملىكەت سىرتىدىكى ئاياللىرىدىن ئىسىم ـ شەرىپى تېخى بىزگە مەلۇم بولمىغان ئەۋلادلىرى بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى ئەنئەنىلەردە «پادىشاھلارغا 40 خوتۇن راۋا» دېيىلىدۇ. بىزنىڭ ھازىرچە قېزىپ چىقىنىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئوپال ئازىقتىكى ئۇي چولپانلىق تۇنجى ئايالى ئايچولپاندىن بولغان سۇلايمان ئىسىملىك بىرلا ئوغلىنىڭ ھازىرچە ئېنىقلانغان ئەۋلادلىرىدۇر. بۇنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەپسىلىي تەكشۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، بۇلارغا يانداش بولغان ئەۋلادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش، ئېنىقلاش مەھمۇد قەشقەرىشۇناس ئالىملارنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. ئىزدەنسەكلا بەلكىم يېقىن كەلگۈسىدە بۇ جەھەتتىكى خۇشخەۋەرلەردىنمۇ بەھرىمەن بولۇشىمىز ئېھتىمال.

يىغىنچاقلىغاندا، مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر ئوپال ئازىق (موللام بېغى) كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن. «شەجەرە» لەرگە ئاساسلانغاندا، 102 يىل ياشاپ ھىجرىيە 499 ـ يىلى (مىلادىيە 1105 ـ يىلى) ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەزرىتى موللام تېغى باغرىغا دەپنە قىلىنىپ، بۈگۈنكى «ھەزرىتى موللام» قەبرىگاھى بىنا بولغان. ئاشۇ قەرنە بويىچە ھېسابلىغاندا، مەھمۇد قەشقەرىنى مىلادىيە 1003 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ ئېيتالايمىز.

ئۇنىڭ ئانىسى بۇبى رابىيە خېنىكەم ئوپالدىكى مەشھۇر ئۆلىما خوجا سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىنىڭ تەربىيە كۆرگەن پۇشتىدىندۇر.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئۆمرىدە قەشقەر، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئەتراپلىق ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن ۋە يېزىقچىلىقتا يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىگەن. خان ئەۋلادلىرىغا لايىق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرۈپ، جەڭلەردە قەھرىمانلارچە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئۆگەي ئانىسى قوزغىغان ئوردا ئۆزگىرىشىدە قۇربان بولغان دادىسى بىلەن چوڭ دادىسى ۋە كۆپلىگەن ئوردا ئىچىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلىق شەجەرىسىنى يازغان. ئۇ نۇرغۇن ئىجادىي ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن «جەۋاھىرىننەھۋى فى لۇغاتىتتىن تۈرك» (تۈركىي تىللار گراماتىكىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىسمى مەلۇم. لېكىن ئۆزى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق شانلىق ئەسىرىلا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا بىزگە مەلۇم بولدى.

قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان شۇنداق بىر قىياسمۇ باركى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئافراسىياپنى كۆپ قېتىم پەخىرلىنىش ئاساسىدا تىلغا ئېلىشى ۋە «دىۋان» 1 ـ توم 513 ـ بەتتە «خان ـ تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان ئوغۇللار مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ، خاقان ئافراسىياپتۇر. بۇنى مۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر قىسسە بار» دەپ ئالاھىدە توختىلىشىغا قاراپ، بەلكىم مەھمۇد قەشقەرى ئاشۇ «ئۇزۇن بىر قىسسە» نىڭ ئاپتورى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، دەپ قارايمەن. بۇ يەنىلا ئىزدىنىش تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ تارىختۇر.

ئىزدىنىشلىرىمنىڭ چەكلىمىلىكلىكى، سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ۋاقىتنىڭ قىسلىقى سەۋەبىدىن يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمدا ئېغىر سەۋەنلىك، خاتالارنىڭ بولۇشى چوقۇم. ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن:

تەھرىرلىگۈچى: **ھەزرىتى ئەلى بارات**